# كەنتكە «يېڭى قاشتېشى ئارتىسلىرى» كەلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئاممىغا يېقىنلىشىپ، ئاممىغا يېقىن لېكسىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى لېكتورلار ئۆمىكى، خوتەن ۋىلايەتلىك يېڭى قاشتېشى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، ھەرقايسى ناھىيەلىك، شەھەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى، خەلق سەنئەتكارلىرى بىرلىكتە خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى ئارتىسلىرى» ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇن قويۇش شۆبە ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىپ، يىغىن روھىنى ئۆزلىرى تەييارلىغان ئېيتىش، ئۇسسۇل، ناخشا قاتارلىقلارغا سىڭدۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەردە ئويۇن قويۇپ، باھار يامغۇردەك زېمىنغا ئۇن ـ تىنىسىز ھاياتى كۈچ بەخش ئەتتى.

شۇ كۈنى، خامانئېرىق كەنتىگە ئوخشاش قاراساي بازىرىنىڭ ئايدىڭكۆل كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىمۇ باشتىن ـ ئاخىر ماسكا تاقاپ، ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرۇپ «يېڭى قاشتېشى ئارتىسلىرى» ئېلىپ كەلگەن ئويۇننى كۆردى. ئېيتىش «بىللە ئۆگىنەيلى»، ئىككى كىشىلىك لەپەر «پارتىيەنىڭ سىياسىتى ياخشى»، ئۇسسۇل «خوتەن سىزنى قارشى ئالىدۇ» قاتارلىق نومۇرلار تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاندى، بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىن، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇپ، ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، ھەم پارتىيەنىڭ ساداسى ئاساسىي قاتلامدا تېخىمۇ ئوچۇق، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر تارقالدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ئابدۇللا روزى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يېڭى بىر نۆۋەتلىك لېكسىيەدە، خوتەن ۋىلايىتى «ئۆچنى بىرلەشتۈرۈش» يەنى «يېڭى دەۋردىكى مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش پائالىيىتى + لېكسىيە + يېڭى قاشتېشى ئارتىسلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى» شەكلى ئارقىلىق، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت «تۆت دەرىجە بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش» ئەندىزىسىنى قوللاندى، يېڭى قاشتېشى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى چۆرىدىگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرى دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئېسىل نومۇرلاردىن ھوزۇرلىنىش جەريانىدا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن ھازىرغىچە، «يېڭى قاشتېشى ئارتىسلىرى» ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇن قويۇش شۆبە ئەترىتى خوتەن شەھىرى، قاراقاش ناھىيەسى قاتارلىق جايلاردىكى 50 كەنتكە بېرىپ ئويۇن قويدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش، باش نىشانغا مۇلازىمەت قىلىش، باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت تايانچ بولىدىغان، جەمئىيەت قاتنىشىدىغان» نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتى مېخانىزمى ۋە تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىش، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك. 2021 ـ يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ئاممىۋى سەھىيە قاتارلىق مۇھىم ساھەلەرگە دائىر نىزام چىقىرىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئاچقۇچى قىلىپ، نىزام چىقىرىشنىڭ قاراتمىلىقى، ۋاقىتچانلىقى، سىستېمىلىقلىقى، مەشغۇلاتچانلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چىقىش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبە، ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇنى يەرلىك نىزام دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ نىزام چىقىرىش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قانۇنچىللىق تىرىكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىغا تەييارلىق قىلىش ۋاقتى قىس، ۋەزىپە ئېغىر، تەلەپ يۇقىرى، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يىغىنغا تەييارلىق قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ھازىرقى مۇھىم نىڭ مۇھىمى دەپ بىلىپ، ئالدىن پىلانلاپ، ئەتراپلىق ئويلىنىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، خىزمەت لايىھەسىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، مۇكەممەل خىزمەت تەرتىپىنى تۈزۈپ چىقىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، پۇختا ئىستىل بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى نامايان قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: قەشقەر داشۆسىدە تەربىيەلىنىۋاتقان، ئۆگىنىۋاتقان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن لاچىن بايئەكە، مۇساجان نۇردۇن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى جان پىدالىق بىلەن قۇتقۇزۇپ، لاچىن بايئەكە قەھرىمانلىق ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىللە بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىككى ۋەكىل نامايان قىلغان ئالىيجاناب روھنى يېڭى مۇساپىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

---

ئىشنى ياخشى باشلايلى قەدەمنى ياخشى ئالايلى

# ئەمەلىي ئىقتىساد نىشانىنى توغرا نىشانلاپ، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش

## ـــ ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى تاڭئاتار كېرىماخۇننى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈڭفېي

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىدە «ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش، پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ۋەزىپە زىچ چۆرىدىلىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا مەنبە ئېقىن سۈيى يەتكۈزۈلدى. «14 ـ بەش يىل»غا نەزەر سالساق، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى قانداق قىلىپ مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە رايون ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىشتىكى سۈپىتى، ئۈنۈمى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك؟ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز بۇ ھەقتە ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى تاڭئاتار كېرىماخۇننى زىيارەت قىلدى.

### پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ياخشى مۇھىت يارىتىش

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا پۇختا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلىگە دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىش ئىقتىدارىنى پۇختا قەدەمدە ئۆستۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى» دېدى تاڭئاتار كېرىماخۇن.

شىنجاڭ بانكىسىنى تەشكىللەپ قۇرۇش، پىڭئەن بانكىسىنى كىرگۈزۈش، جۇڭگو ئېكسپورت ئىناۋەتلىك سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى قاتارلىق چېگرا ئىچىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش، خابى بانكىسى قاتارلىق چېگرا سىرتىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى كىرگۈزۈش... «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بانكىچىلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى 125كە، ئاكسىيە ئاپپاراتى 45كە، سۇغۇرتا ئاپپاراتى 34كە يېتىپ، بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، ھاۋالە، ئىجارە، ئاز سوممىلىق قەرز پۇل شىركىتى قاتارلىقلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان كۆپ قاتلاملىق، فۇنكسىيە جەھەتتە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان پۇل مۇئامىلە تەشكىلىي سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى كىرگۈزۈش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپپاراتلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. 2020 ـ يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تەۋەلىكىدىكى ئاكسىيە قەرەللىك مال تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنى تور ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە يېتەكلىدى، بۇلۇت بايلىقى قەرەللىك مېلى قەشقەر ۋىلايىتىدە بىر قەرەللىك مال تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەرەللىك مال تىجارىتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى؛ شېنۋەن خۇڭيۈەن غەربىي قىسىم ئاكسىيەسى خوتەندە بىر ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، ئاكسىيە تىجارەت تور نۇقتىلىرىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنى تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولدى، 2020 ـ يىلى يېزا سودا بانكىسىدىن 29ى تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ قۇرۇلدى.

تاڭئاتار كېرىماخۇن مۇنداق دېدى: پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىدا، ئاپتونوم رايونىمىز جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى كومىتېتىنىڭ يېڭى ئۈچ بۆلەك، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكى، ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكى ھەمدە رويخەتكە ئېلىش تۈزۈمى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرىنى قۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى چىقىرىپ، رايون خاراكتېرلىك پاي ھوقۇقى بازىرىدا ۋۇشىسكا ئېچىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش، يېتىشتۈرۈش ـ يېتىلدۈرۈش، خۇسۇسىي تارقىتىشنى ئۆتتۈنۈپ بېرىشتىن پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك بازاردا ئاشكارا تارقىتىش، پېيىنى بازارغا سېلىپ سودا قىلىشقىچە بولغان پۈتۈن زەنجىرلىك، كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىشقا ياخشى مۇھىت ھازىرلاپ، كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى پائال قوللاپ، بىۋاستە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇردى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا رويخەتكە ئېلىنغان A پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەت 59غا يېتىپ، «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرى بولغان 2015 ـ يىلدىكىدىن 16سى كۆپەيدى، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي سانى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، رايون ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇردى. 2016 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ كاپىتال بازىرى ئارقىلىق جەمئىي 293 مىليارد 462 مىليون يۈەن بىۋاستە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇ، ئىلگىرىكى يىللاردىكى جەمئىي ئىشقا ئاشۇرۇلغان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 1.84 ھەسسىسىگە تەڭ بولۇپ، ئۇل ئەسلىھە، ئېنېرگىيە، ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

### نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى چۆرىدەپ، ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى ئاپتونوم رايوننىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات ئورۇنلاشتۇرمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، پەرقلىق پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى ـ كونا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشى ۋە سانائەتنىڭ مۇقىم ئېشىشى، قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى، ئۈنۈمىنىڭ ئېشىشىنى كۈچلۈك مەدەت بىلەن تەمىنلىدى. 2020 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ساقلانما مىقدارى 3 تىرىليون 30 مىليارد يۈەن، خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 2 تىرىليون 50 مىليارد يۈەن بولۇپ، 2016 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 62.9% ۋە 49.6% ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 13.0% ۋە 10.6% ئاشتى.

«14 ـ بەش يىل»غا نەزەر سېلىپ، تاڭئاتار كېرىماخۇن مۇنداق دېدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكىلەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەلىپى بويىچە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تېزدىن سىڭىشىپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى كۈچەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش، پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي نىشانى 2025 ـ يىلىغا بارغاندا يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى ئورنىغا ئۇيغۇنلاشقان رايون پۇل مۇئامىلە مەركىزىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىش، جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ساقلانما مىقدارىنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا بېكىتىلگەن ئون جەھەتتىكى نۇقتىلىق خىزمەتكە كۈچەشنى چۆرىدەپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنى نىشانلاپ، پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرى ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشكە كېپىل بولۇش ئۇسۇلىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

پۇل مۇئامىلىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت كونكرېت تۇتقۇدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى خاس پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىدا يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېشىل پۇل مۇئامىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قومۇل شەھىرى، قاراماي شەھىرى قاتارلىقلاردا يېشىل پۇل مۇئامىلە بويىچە يېڭىلىق يارىتىش سىناق رايونى سىياسىتىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ؛ ئېنېرگىيە پۇل مۇئامىلىسىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى قوللايدۇ؛ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۇقراۋى ۋە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنى قوللاپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىن بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىممەت بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئاۋامنىڭ ئىستېمال ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە مۇلازىمەت قىلىدۇ.

«شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە گوۋۇيۈەن پۇل مۇئامىلە كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ يەرلىكنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش بىرلەشمە يىغىنى مېخانىزمىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرىمىز. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەۋەلىك مەسئۇلىيىتى، پۇل مۇئامىلىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇنسىز پۇل مۇئامىلە ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىپ، تۈرلۈك ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالىمىز ۋە ئۇنى تۈگىتىمىز» دېدى تاڭئاتار كېرىماخۇن.

### پۇل مۇئامىلە مۇھىم ئامىللىرىنى توپلاپ، پۇل مۇئامىلىنى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش

««14 ـ بەش يىل› مەزگىلىدە، بىز پۇل مۇئامىلىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زامانىۋى پۇل مۇئامىلە مۇھىم ئامىللىرىنى زور كۈچ بىلەن توپلاپ، پۇل مۇئامىلىدە يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىمىز» دېدى تاڭئاتار كېرىماخۇن.

پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ قاتلاملىق، كەڭ قاپلىغان، پەرقلىق بولغان بانكا سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، قازاقىستان تەرەپ بانكىسىنىڭ جۇڭگو ـ قازاقىستان قورغاس چېگرا ھەمكارلىق مەركىزىگە كىرىپ ماكانلىشىشىنى قوللايدۇ؛ سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرىنى شىنجاڭدا رايون خاراكتېرلىك باش ئىشتاب تەسىس قىلىشقا جەلپ قىلىدۇ؛ ئاكسىيە، فوند، قەرەللىك مال تىجارەت ئاپپاراتلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا تەسىر كۈچى بار ئاكسىيە شىركەتلىرى، فوند شىركەتلىرى، قەرەللىك مال شىركەتلىرىنىڭ شىنجاڭدا بالا شىركەت، رايون خاراكتېرلىك ئاپپارات ياكى تارماق ئاپپارات تەسىس قىلىشىنى قوللايدۇ؛ يەرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى تەرتىپلىك تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

پۇل مۇئامىلە بازىرى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز كرېدىت بازىرىنى تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، كرېدىت مەبلىغى سېلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ؛ ھاۋالە قاتارلىق ئاپپاراتلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىشىنى قوللاپ، مەبلەغنى ئەمەلىي ئىقتىسادقا كۆپ مەنبەلەشتۈرۈپ كىرگۈزىدۇ؛ زايوم بازىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى تۆۋەن تەننەرخلىق مەبلەغ مەنبەسىنى كېڭەيتىدۇ؛ پاي ھوقۇقى بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، بىۋاستە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنى كېڭەيتىدۇ.

پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە يۈرۈشلەشكەن ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت كەسپىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت ئىناۋەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يەرلىكنىڭ ئىناۋەتنى ئاشۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۈچۈر مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئۇيغۇنلاشقان پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش مۇھىتى بەرپا قىلىدۇ.

پۇل مۇئامىلىنى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى «بىر پورت» «ئىككى رايون» «بەش چوڭ مەركەز» «پورت ئىقتىساد بەلبېغى» قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى پۇل مۇئامىلە مەركەزلىرىنىڭ ئەۋزەل كۈچىدىن پايدىلىنىپ، كۆپ مەنبەلىك ئالماشتۇرۇش سۈپىسى بەرپا قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىقىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىدۇ.

ئىختىساسلىقلار رايون پۇل مۇئامىلە مەركىزى قۇرۇشتىكى مۇھىم تىرەك. «بىز يۇقىرى قاتلاملىق، جىددىي كەمچىل ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش سالمىقىنى زورايتىپ، دۆلەتنىڭ مىنىسترلىق ـ كومىتېتلىرى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىختىساسلىقلىرىنى تاللاپ ئەۋەتىش سالمىقىنى زورايتىشنى قولغا كەلتۈرىمىز» دېدى تاڭئاتار كېرىماخۇن.

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ